# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 9 - ئاي
7
دۈشەنبە
维吾尔文 9月7日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25177 - سان بۈگۈن 4 بەت


## مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

### شى جىنپىڭ دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەرگە ئوردېن، مېدال تارقىتىدۇ ھەم مۇھىم سۆز قىلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى** مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەرگە ئوردېن، مېدال تارقىتىدۇ ھەم مۇھىم سۆز قىلىدۇ.

يىغىندا يەنە مەملىكەت بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# «شى جىنپىڭنىڭ خەۋپ - خەتەر، خىرىسنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تاسادىپىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن ئۈزۈندىلەر» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۈرتى تەھرىرلىگەن «شى جىنپىڭنىڭ خەۋپ - خەتەر، خىرىسنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تاسادىپىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن ئۈزۈندىلەر» ناملىق كىتاب يېقىندا مەركىزىي ھۆججەت، ماتېرىيال نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە تارقىتىلدى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، كۆپ ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەت، مۇرەككەپ، سەزگۈر ئەتراپ مۇھىتى، مۈشكۈل، ئېغىر ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، خەۋپ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، كۈچەپ ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەرلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، ئىقتىسادنىڭ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، «يۇقۇم»غا قارشى جەڭ قىلىش خاتىرىسى

— جۇڭگونىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرغانلىقى توغرىسىدا ئومۇمىي خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

بۇ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە تاسادىپىي ۋەقەسى.

ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان، تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، جۇڭگو ئالدى بىلەن دوكلات قىلىپ، ئالدى بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن بىر مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى باشلىدى.

10 مىليون نوپۇسى بار چوڭ شەھەر توققۇز ئۆلكىگە تۇتىشىدىغان جايلاردا ۋۇخەندىن ئايرىلىش يولىنى تاقىدى؛ 40 مىڭدىن ئارتۇق تېببىي خادىم تولۇق قوراللىنىپ، كېچىلەپ تېزدىن ياردەم بەردى؛ 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگولۇق ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلدى... بۇ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ باتۇرانە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرى، شۇنداقلا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن قۇربان بېرىش ئىدى.

قىش ۋە ئەتىيازدىن ھالقىپ، ھايات ۋە ماماتنى باشتىن كەچۈردى.

بۇ قاينام - تاشقىنلىق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، «ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش» ئومۇمىي تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش» باش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ۋاقتىدا، ۋەزىيەتكە قاراپ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى تەڭشىدى.

باشتىن - ئاخىر خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى — يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو قەتئىي، كەسكىن جاسارىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىلمىي، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تاكتىكىسى ۋە تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، مىسلىسىز جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى » 3 - بەتتە

## جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، تۆھپىمىزنى بارغانسېرى پىششىق يېتىلدۈرەيلى

— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ مۇنداق بىلدۈردى —

## پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىمىز

□ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز

«پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشىنىڭ تۈپ ئاساسى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختى، ئامانلىقىنىڭ تۈپ ئاساسى.» يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، مەۋقەنى ئۆز خىزمىتىمىزگە قويۇپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق سانسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ياراتقان ئۇلۇغ ئىشلارنى ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى

## نېگىزنى تۇتۇپ، مۇھىم ھالقىنى ئىگىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى

# ئۈزلۈكسىز تۈردە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

### چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى

### شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۈڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى ئۆتكۈزۈپ، «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۆگىنىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار ئۆگىنىش يىغىنىغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بۇ قېتىمقى كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈزلۈكىدىن ئۆگىنىش بىلەن مۇزاكىرە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئەستايىدىل ئۆگەندى. يىغىندىن ئىلگىرى، يىغىنغا قاتناشقانلار «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئوقۇپ ئۆگەندى؛ يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىنىڭ قىسمەن باب - پاراگرافلىرىنى باشلامچىلىق قىلىپ ئۆگەندى، چېن چۈەنگو، لى پېڭشىن، جاڭ بو ئۆگىنىش تەسىراتلىرىنى ئالماشتۇردى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىدا پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا يېڭى، مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى جانلىق خاتىرىلەنگەن، ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرى مەركەزلىك نامايان قىلىنغان، بۇ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان نوپۇزلۇق ئەسەر. ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىش، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماركسىزملىق مەيدان، قاراش، ئۇسۇللارنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەن يۆنىلىشنى بويلاپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن چېن چۈەنگو سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىدىيە بايرىقى، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، 21 - ئەسىردىكى ماركسىزم بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ھەرىكەت كۆرسەتمىسى بىلەن تەمىنلىدى. «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇش، خەلقنى تەربىيەلەش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتىكى ئەڭ يېڭى دەرسلىك. «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ماركسىزملىق مەيدان، قاراش، ئۇسۇللارنى سىستېمىلىق ئىگىلەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىنى 1 - توم، 2 - توم بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ ئۆگىنىپ، ئۆگىنىشتە يېتىشىپ مېڭىش، تونۇشتا يېتىشىپ مېڭىش، ھەرىكەتتە يېتىشىپ مېڭىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

# ئىشقا ئورۇنلىشىش «تاماق قاچىسى» چىڭ تۇتۇلدى




□制图/新疆日报 张 永

【تەھرىر ئىزاھاتى】 خەلق تۇرمۇشى بەختنىڭ ئاساسى، ئىناقلىقنىڭ ئاساسى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز.» ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، كۈتۈنۈش، تۇرالغۇ قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىغا ئالاقىدار ئىشلارنىڭ ھەممىسى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا پۇقرالارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى نامايان قىلىدىغان كۆزنەك. بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىز «بەختلىك تۇرمۇش كارتىنىلىرى» يۈرۈشلۈك خەۋەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش تارىخىي مۇساپىسىدە، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا يۈزبەرگەن جەمئىيەت ئۆزگىرىشلىرى ھەمدە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**بەختلىك تۇرمۇش كارتىنىلىرى ①**

□ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا

«شىركەت تاماق، ياتاقنى كۆتۈردۇ، ھەر ئايلىق كىرىمىم مۇقىم، ئالدىنقى ئايدا ئىپادەم ياخشى بولغاچقا شىركەت مېنى بىر تولۇقلىما بىلەن مۇكاپاتلىدى.» رەخمەتۇللا يۇسۇپ‌پەيمەت ئاتۇش شەھىرىدىكى كىچىك، ئوتتۇراھال كەسىپلەر باغچىسىدىكى بىر كۆن - خۇرۇم كارخانىسىدا ئىشلەيدۇ. بۇ كارخانىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشقان 200دىن ئارتۇق كىشى بار.

«مېنىڭكىگە ئوخشاش يېزا ئائىلىلىرىنىڭ ئىككى مو تېرىلغۇ يەردىن قىلىدىغان كىرىمى چەكلىك. خىزمىتىم بار بولغاندىن كېيىن، ئۆيۈمنى بارغانسېرى چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇپ، كۆڭلىرىمنى خۇشال ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. مەن چوقۇم تىرىشىپ ئىشلەپ، ‹تاماق قاچام›نى چىڭ تۇتىمەن» دېدى رەخمەتۇللا.

بۈگۈنكى كۈندە، بۇنداق ئىشقا ئورۇنلىشىش ھېكايىلىرى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)